# ھەققانىيەت يولىدا ماڭغانلار يالغۇز قالمايدۇ، جاھاندىكىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى

## ـــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2021 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنىڭ ئىلھامى بىلەن ④

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«ھەققانىيەت يولىدا ماڭغانلار يالغۇز قالمايدۇ، جاھاندىكىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى. بىر يىلدىن بۇيانقى بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.» رەئىس شى جىنپىڭ 2021 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، ئۆتكەن بىر يىلدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولغان قالتىس مۇساپىنى ئەسلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ۋەزىيەت ئېغىر، يول يىراق دەپ كۆرسەتتى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ قول تۇتۇشۇپ، قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ تۇمانىنى بالدۇرراق تارقىتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ گۈزەل يەر شارى يۇرت ـ ماكانىنى قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. جۇڭگو ئىشەنچى، جۇڭگو لايىھەسى، جۇڭگو كۈچى يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشقا قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ قوشتى.

2020 ـ يىلى جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن ئالاھىدە بىر يىل، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. ئىنسانلار بىر مەيدان كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنى ئورتاق باشتىن كەچۈردى، بەزىدە قارا بۇلۇت ئاسمانىنى قاپلاپ، قاتتىق بوران ـ چاپقۇن بولدى، يەنە بەزىدە بۇلۇتلار تاراپ قۇياش پارلاپ، گۈزەل ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈندى. جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان جاپا ـ مۇشەققەتلىك پەيتتە، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ئەزاسى بىزگە سەمىمىي ياردەم ھەم مەدەت بەردى، «ۋۇخەن غەيرەت قىل» «جۇڭگو غەيرەت قىل» دېگەندەك سادالار تەرەپ ـ تەرەپتىن ياڭرىدى؛ بىز ئۆزىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە غايەت زور بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ياردەم بېرىش ۋاقتى ئەڭ مەركەزلەشكەن، چېتىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان جىددىي ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى باشلاپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشتۇق. رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: «مەن خەلقئارادىكى كونا ـ يېڭى دوستلار بىلەن كۆپ قېتىم تېلېفونلاشتىم، كۆپ مەيدان ‹بۇلۇت يىغىنى›غا قاتناشتىم، ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغىنى بىر ياقىدىن باش چىقىرىش، ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بولدى». يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مۇساپىسى ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغانلىقىنى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنىڭ زىچ باغلانغانلىقىنى، دۇنيانىڭ ئايرىلماس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىز خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ھازىر، ئەسىر يۇقۇمى بىلەن 100 يىللىق ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى گىرەلىشىپ، خەلقئارا ئەندىزىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى. خەلقئارا جەمئىيەت كۆپ تەرەپلىك بىلەن يەككە تەرەپلىك، ئېچىۋېتىش بىلەن بېكىنمىچىلىك، ھەمكارلىشىش بىلەن قارشىلىشىشنىڭ ئېغىر، زور سىنىقىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. «دۇنياغا نېمە بولدى، بىز قانداق قىلىمىز»، بۇ، دەۋرنىڭ سوئالىغا ئايلاندى. بىر قاتار خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قەدىمى يەنىلا تېزلەشمەكتە. خېيىنەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشى ئومۇمىي لايىھەسى، شېنجېننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلۇشتىن 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشكىچە، رايون ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىنى رەسمىي ئىمزالاشتىن جۇڭگو ـ ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى قەرەلىدە تاماملاشقىچە، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق، زومىگەرلىك تەتۈر ئېقىمغا تاقابىل تۇرۇپ، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال تۆھپە قوشتى. خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك «جۇڭگو بازىرىنى دۇنيا بازىرىغا، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان بازارغا، كۆپچىلىكنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.» شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېچىۋېتىشكە يۈزلىنىشى، ھەمكارلىشىشقا يۈزلىنىش چوڭ ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى. مەيلى قانداق خەۋپ ـ خەتەر، قانداق ئاپەت، قانداق تەتۈر ئېقىمغا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھامان ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوقۇم داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

يىغىندا، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى پىلانلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش كۆرەش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىمىز. بىز بەرپا قىلغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى ھەرگىزمۇ بېكىنمە بولغان دۆلەت ئىچىدىكى يەككە ئايلىنىش بولماستىن، بەلكى ئېچىۋېتىلگەن، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشتۇر. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارا ئىقتىسادىنىڭ ھەمتۈرتكە ئۈنۈم ئېففېكتىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ قايتا جانلىنىشى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئورتاق قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى، يەر شارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپىكارى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

«چۆكۈپ كەتسىمۇ بىر كېمە، كېتىۋېرەر باشقىسى، قۇرۇپ قالسىمۇ بىر دەرەخ، كۆكلەۋېرەر باشقىسى.» ئىنسانلار ئالاھىدە تارىخىي مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىز ھەممىمىز بىر پاراخوتتا. بوران كۈچىيىپ، دولقۇن كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، بىز يۆنىلىشنى تېخىمۇ توغرىلاپ، رىتىمنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشساقلا، يۇقۇمدىن كېيىنكى دەۋردىكى دۇنيا جەزمەن سۇمۇرغقا ئوخشاش ئوتتا تاۋلىنىپ، يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىپ، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىدۇ!

**(«خەلق گېزىتى»نىڭ 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، داۋالىنىش كاپالىتى فوندىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈلمە سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، پۈتۈن ساھە، پۈتۈن تەرتىپ بويىچە فوند بىخەتەرلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ھىيلە ئىشلىتىپ سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى ئىشلىرىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى سودا ئىستېمالىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىستېمال سۈپىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزىلارنىڭ ئوبوروت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ـ كەنت ئىستېمالىنى كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتوموبىل ئىستېمالىغا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى مەھسۇلاتلىرى ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇرۇپ، ساياھەت ئىستېمالىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تور ۋە تور سىرتىدىكى يۇغۇرما تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بازار تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىستېمال بازىرىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، بازاردىكى تەمىنات ـ ئېھتىياج ئايلىنىشىنىڭ راۋانلىقىغا ئومۇمىيۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بېيىغاندىن كېيىنكى «ئۆلچەملىك سەپلىمە» بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدىكى كۈچلۈك «ياردەمچى»لىرىدۇر. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەدرىجىي تۈگىتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتوموبىل ھەيدەپ مال يەتكۈزىدىغان، ئىشقا بارىدىغان، يولۇچىلارنى توشۇيدىغان ئاياللار بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇلار يېزىلار ئارا چېپىپ يۈرۈپ، خۇددى زامانىۋى مەدەنىيلىك يېڭى شامىلىدەك سىيپاپ ئۆتۈپ، كەڭ دالىلاردا ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتماقتا.

يېزا ـ كەنت ئاياللىرىنىڭ قولىدىكى ھەيدەش كىنىشكىسى خۇددى كۆز يوپۇرمىقىدەك كىشىگە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ يېڭى روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بەردى. داۋاملىق چىداش ۋە كۈتۈش كېرەكمۇ ياكى جاسارەت بىلەن ئۆزگىرىش كېرەكمۇ، چارە ئۈستىدە ئىزدەنمەي ئۆتۈش كېرەكمۇ ياكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇرسەت ئىزدەش كېرەكمۇ، كەنت ئاھالىلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇساپىسىدە ئېنىق جاۋابنى تاپتى ـــ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشى ـ يۆلىشىدە، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قوللىشىدا، ئىشلەشنى خالىسىلا، قومۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان نامراتلىق يىلتىزى يوق. ئىددىيە ـ قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى روھىي ئىسكەنجىدىن قۇتۇلدۇردى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش جەزمەن ئۇلارنىڭ چەكسىز ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىتىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

---

# چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قەدەم قويۇشىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولايلى

## ـــ چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى پەيتىدە

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيە.

2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ چۇڭچىڭدا چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر شەرھلىدى، چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزدى. بەش يىلدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل رىشتە باغلاپ، ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى تۈرتكە بولۇپ، چاڭجىياڭ دەرياسى بويىدىكى رايونلارغا كۆپ قېتىم چوڭقۇر چۆكۈپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق، تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ، كۆپ قېتىم يىغىننى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، تارىخ ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئىتىدىن چىقىش قىلىپ، چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يۆنىلىش بەلگىلەپ بەردى.

بەش يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دەريا بويىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈردى، سالمىقىنىڭ زورلۇقى، كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مىسلىسىز بولدى. سەككىز چوڭ مەخسۇس ھەرىكەتنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، 2020 ـ يىلى تۇنجى قېتىم پۈتۈن ئېقىن رايونىدا ناچار 5 ـ دەرىجىلىك سۇ سۈپىتىنى تۈگىتىش كەسمە يۈزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن دەل جايىدا ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىپ، بېلىقچىلار كېمىسى، بېلىقچىلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ، چاڭجىياڭ دەرياسىدا «بېلىق تۇتۇشنى ئون يىل چەكلەش»نى يولغا قويۇشقا پۇختا ئاساس سېلىشقىچە؛ يەنە «ئېغىر خىمىيە سانائىتى دەريانى قورشىۋېلىش» قىيىن مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىپ، چاڭجىياڭ يېشىل ئېكولوگىيە كارىدورىنى كۈچەپ بەرپا قىلىشقىچە، چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداشتا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، تەرەققىيات داۋامىدا قوغداش، قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

چوڭ ئىستراتېگىيە زور مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا چاقىرماقتا، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى يېڭى يۈكسەكلىكنى نىشانلىماقتا. بۇلتۇر 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېچىلغان چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇمىيۈزلۈك تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغى ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان يېشىل تەرەققىيات يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ، رايونلار ماس تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى يارىتىپ، تاغ، سۇ، ئادەم، شەھەر ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا سىڭىشىشنىڭ يېڭى يۈكمە رەسىمىنى سىزىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان يېشىل تەرەققىيات ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت قوش ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرىدىغان غول تومۇرغا، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يېتەكلەيدىغان ئاساسىي قوشۇنغا ئايلىنىشتەك يېڭى تارىخىي بۇرچنى يۈكلىدى. بۇرچنى ئادا قىلىش، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، ئاغرىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىپ، «تۆھپە يېزىشتا مەن بولمىساممۇ بولىدۇ» دېگەن مەنىۋى مەنزىل ۋە «تۆھپە قوشۇشتا چوقۇم مەن بولۇشۇم كېرەك» دېگەن تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، تارىخىي سەۋرچانلىق ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە تۈزۈپ چىقىپ، ئىشنى ئىشقا ئۇلاپ ئىشلەپ، سۈزۈك دەريا سۈيىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغى مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان، ئىستىقبالى پارلاق. قانداق قىلغاندا ئۇنىۋېرسال تۈزەشنىڭ سىستېمىلىقلىقى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى كۈچەيتىپ، چاڭجىياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىستېمىسىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يەنىمۇ تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىننىڭ ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، رايونلار ماس تەرەققىياتىدىكى «بىر تاختا شاھمات»تىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا كەسىپ ئاساسىنى يۇقىرى دەرىجىلىكلەشتۈرۈش، كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشنىڭ ئومۇمىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياراتقىلى بولىدۇ؟ بۇ تېمىلارغا ياخشى جاۋاب بېرىپ، چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، يېشىل تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى يولدا مېڭىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا ياخشى ئۈلگە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

چاڭجىياڭ دەرياسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تىرەك. چاڭجىياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئېكولوگىيەلىك چاڭجىياڭنى ئورتاق قوغداپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى توپلانغان ئىقتىسادىي چاڭجىياڭ بەرپا قىلىپ، ئاساسىي چوڭقۇر مەدەنىيەتلىك چاڭجىياڭ بەرپا قىلىپ، بەختلىك، گۈزەل، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان چاڭجىياڭ قۇرۇپ، «خەلق چاڭجىياڭ دەرياسىنى قوغدايدىغان، چاڭجىياڭ دەرياسى خەلققە بەخت يارىتىدىغان» ياخشى ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرساقلا، بىز چوقۇم «زۇمرەتتەك دەريا سۈيى شەرققە ئېقىش»تەك غەلىبە مەنزىرىسىنى بالدۇرراق قايتا نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىيالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**